# مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايلى

## —— ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

2020 - يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، بىز بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىيات ۋە ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشىمىز كېرەك، بۇ ھەم ھەل قىلغۇچ مەزگىل، ھەم ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلى بولۇپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىدا ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم تاشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى، نۆۋەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ نەتىجە - ئۇتۇق قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىغۇچە بەل قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە بۇرچ شەرەپلىك، مەسئۇلىيەت ئېغىر، ۋاقىت قىس، چوقۇم قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلەپگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى. «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، چوڭ ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىقتىساد نەزەرىيەسى، ئىقتىساد سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىقتىساد مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. «ئىككى يۈرۈش بەنزە» خىزمەت مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەرەققىياتنى تۇتىدىغان بەنزە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەقىقىي كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

بىر ئۈلۈش ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، توققۇز ئۈلۈش ئەمەلىيلەشتۈرۈش. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يۆنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى باشقۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىغا بولغان تەھلىل، ھۆكۈمنى ۋاقتىدا كۈچەيتىپ، مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشى، كونكرېت تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ «بىرىنچى قول» رەھبەرلىرى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ياخشى تەشكىللىگۈچىسى بولۇشى، ھەم كونكرېت تۈرلەرنىڭ ياخشى ئىلگىرى سۈرگۈچىسى بولۇشى كېرەك؛ تارماقلار بويىچە باشقۇرۇشتا مەسئۇل يولداشلار ۋە فۇنكسىيەلىك تارماقلار كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، شەھەر، رايونلار شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئىستىلنى ياخشىلاپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئەمەلىي ئىشلەشنى قەدىرلەپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىي ئىشلىشى، چوڭقۇر ئىشلىشى، خىزمەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋەزىپىلەرنى بىر - بىرلەپ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تۈرلەرنى بىر - بىرلەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن - يەتمىگەنلىكتە، مۇھىمى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا، خەلق تۇرمۇشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچىنى بىرگەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا بىرىمۇ كەم بولسا بولماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيەمىزنىڭ خەلققە، تارىخقا بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

نىشان روشەن بولدى، بۇرغا چېلىندى. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، يۈكسەك تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنداپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دەۋرگە مۇناسىپ، خەلققە مۇناسىپ، تارىخقا مۇناسىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسى مۇساپىسىدە تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقايلى.

(بېشى 1 - بەتتە)

سائەت 20 لەردە، شوخ مۇزىكا ساداسى ياڭرىدى، شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى سۈي شىئەن ۋە رەپىقىسى خو خۇيفېننىڭ ھەمراھلىقىدا كېچىلىك نەق مەيدانغا كىردى. پۈتۈن مەيداندىكى تاماشىبىنلار ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

داقا - دۇمباق ئاۋازى رىتىملىق ياڭرىدى، شاد - خۇراملىققا چۆمگەن جەنۇبىي گۇاڭدۇڭ شىر ئويۇنى بىلەن كېچىلىكنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» «يەتتە پەرزەنت ناخشىسى» قاتارلىق كلاسسىك ناخشىلار ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش چەكسىز چوڭقۇر ھېسسىياتنى ئىپادىلىدى، كۆپ ۋاسىتىلىك كۆرۈنۈشلۈك بايان «ۋاقىتنىڭ ھېكايىسى»دە ئالاھىدە كۆرۈش بولۇڭى ئارقىلىق ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر نامايان قىلىندى. مەردانە، كۈچلۈك گۇمپا نومۇرى «خاۋجياڭ دەرياسى شاملى»، مەردلىك - مەردانىلىك تولۇپ تاشقان كلاسسىك شېئىر دېكلاماتسىيەسى «ئۆسمۈر جۇڭگو ھەققىدە»دە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش روھى ۋە جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنىڭ ئاۋمېندا ۋارىسلىق قىلىنىپ، ئەۋج ئالدۇرۇلغانلىقى نامايان قىلىندى. ئەنئەنىۋى پۇراققا ئىگە گۇاڭدۇڭ تىياتىرى بىلەن جەنۇب تەلەپپۇزى ئويۇنى، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان زامانىۋى ئۇسسۇل ۋە قىزغىنلىققا تولغان پورتۇگالچە يەرلىك ئۇسسۇل ئاۋمېننىڭ جۇڭگو - غەرب مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەنگەن، يۇغۇرۇلغان ئۆزگىچە سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلدى. كۆرۈنۈشلۈك بايان «ئىللىق دەقىقە»دە ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ رەئىس شى جىنپىڭغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتى ئىپادىلەندى. «گۈزەل چوڭ قولتۇق رايونى» «بىر ئائىلىگە ئايلىنىش» «دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ قايتا ئاتلىنىش» قاتارلىق ناخشىلاردا قەلبداش بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ، ئورتاق ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك گۈزەل ئارزۇ - ئارمان ئەكس ئەتتۈرۈلدى. پۈتكۈل كېچىلىك قالتىس، رەڭدار بولدى، كەينى - كەينىدىن ئەۋجگە چىقىپ، تاماشىبىنلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشىغا ئېرىشتى.

كېچىلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، شى جىنپىڭ سۈي شىئەن ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان باش مەمۇرى خې يىچېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا سەھنىگە چىقىپ، ئاساسلىق ئارتىسلار، خىزمەتچى خادىملار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ھەم پۈتۈن مەيداندىكى تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە «ۋەتەننى كۈيلەيمىز» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا، ئاۋمېننىڭ ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. كېچىلىكنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ناخشا ساداسى ۋە ئالقىش سادالىرى شادلىق دېڭىزىنى ھاسىل قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، ۋاڭ چېن، جاڭ يوۋشيا، ۋاڭ يى، ما بياۋ قاتارلىقلار بىرلىكتە ئويۇننى كۆردى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خې خوۋخۇا، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى لىنجېڭ يۈئې ھەمدە ئاۋمېندىكى ھەر ساھە ۋەكىللەر ۋە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار قاتارلىقلار ئويۇننى كۆردى.

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ «پارتىيە مەكتىپى چوڭ دەرسخانىسى»دا دەرس باشلاندى

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ «پارتىيە مەكتىپى چوڭ دەرسخانىسى»دا دەرس باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدايلى» تېمىسىدا مەخسۇس كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بەردى.

ۋاڭ جۈنجېڭ سىياسىي - قانۇن، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى، نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت، كېيىنكى قەدەمدىكى سىياسىي - قانۇن، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي پىكىر يولى قاتارلىق جەھەتلەردە مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ سىياسىي - قانۇن، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، جەزمەن پارتىيەنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىنى ئالىي پرىنسىپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەزمەن يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى تۈپ مىزان قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر ۋاقىت دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۆزەشتە، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ قانۇنچىللىق ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنداق كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى يېتەكچى قىلىپ، قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تىنچ شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

3 - قارارلىق ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە مەركەزلىك تەربىيەلەش كۇرسى قاتارلىق بەش ئاساسلىق كۇرستىكى كۇرسانتلار، پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قاتارلىقلار بولۇپ 520دىن ئارتۇق كىشى دوكلاتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

### ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتا كوللېكتىپ پاكلىق سۆھبىتى ئېلىپ باردى

# ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ياخشى ساقلاش، قانۇن بويىچە ھوقۇقنى ئادىل ئىشلىتىش، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ۋاڭ نىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 87 نەپەر يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باشقۇرۇشىدىكى كادىرلارغا قارىتا كوللېكتىپ پاكلىق سۆھبىتى ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى چىڭ ساقلاپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي بوشاشماي سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، پارتىيەگە سادىق بولۇشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئامما غەم قىلىدىغان ئىشلار، باش قاتۇرىدىغان ئىشلار، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئاممىغا ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ، ئاممىنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار كۈرەش قىلىش روھىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تۈزۈمنى قوغداش جەريانىدا كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇشى كېرەك؛ ئىنتىزام، قانۇننىڭ تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، پاك - دۇرۇس، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. پارتىيەنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا، تۆت نەپەر يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن رەھبىرىي كادىرلارغا پاكلىققا دائىر كىتابلارنى سوۋغا قىلدى.

# ئاپتونوم رايون يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى نەق مەيداندا ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى نەق مەيداندا ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى كۈيتۇن شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبە - ئۇسۇللىرى ئۆگىنىلدى، ئالماشتۇرۇلدى، نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدا كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ كەنتلەرگە كىرگۈزۈلۈشى، ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈلۈشى، ئادەملەرگىچە يەتكۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ھەقىقىي پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ «ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز كىرگۈزۈلۈشى»گە تۈرتكە بولۇش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، «بىرلەشتۈرۈش» «يۇغۇرۇش» «ئۆستۈرۈش»تىن ئىبارەت ئۈچ ئاچقۇچلۇق سۆزنى چىڭ تۇتۇپ، نۇقتىلىق ھالدا مۇنداق بەش جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك: بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەركەز قۇرۇلۇشنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىدىغان، تارقىتىدىغان ئاممىۋى سۇپىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك؛ ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، دەۋر يېڭى ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك؛ مۇستەھكەملەش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئالغا سىلجىتىشنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ناھىيە دەرىجىلىكلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۈستىگە ئالىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ پۇختا، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)